


# www.UyghurMuqam.com

## ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۆلتاجى، جەۋھىرى — ئۇيغۇر 12 مۇقامى

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!!!

ئۇيغــۇر ئــون ئــىككى مۇقــامى — پــارلاق جۇڭخــۇا مەدەنــىيەت خەزىنىســـىدىكى بــىباھا گۆھــەر، ئەمگــەكچان - ئــىجادچان ئۇيغــۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇستۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە گۈزەل مەنىۋىيىتى، ئىستەك خاھىشلىرى، تارىخىي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن كېلىپ چىققان مۇھەببەت - نەپرەتلىرى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مۇزىكا، بەدىئىي، ئەدەبىيات ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇ - خىل شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداق مۇزىكا ئەسىرى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەسەر بولغاچقا «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر. مۇقاملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر. مۇقاملار كۆپلىگەن ماكان ۋە بىرقانچە زاماندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان بەستىكارلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق مۇزىكىسىدۇر.

بۇ قېتىم ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىپ قايتا رەتلەنگەن، تولۇقلانغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى مۇقام 360 ئاھاڭ، 3435 مىسرادىن تەركىب تاپقان ھەمدە ئۇ يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستانلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە خەلق قوشاق - بېيىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.


ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي
چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن
ئەسلى يېزىلىشى بىلەن
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكستلىرى
مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



**ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك دۇردانىلىرى ئىزىقى؛ مۇقام تېكىستلىرىنى دەسلەپ كىتابقا پۈتكەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى.**

**— ئاپتور.**

ئاپتور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي 1950- يىل 11- ئاينىڭ 1- كۈنى قەشقەر شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1975- يىلىدىن باشلاپ، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇ مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تەتقىقات، ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» (1993- يىل)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» (1995- يىل)، «كور خېرىدار» (1989 - يىل)، «ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق» (1997- يىل)، «‹مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين› دىن ‹مەئارىفۇل لۇغتەين›غىچە» (2002- يىل)، «ھەق ۋە ھوقۇق مەرىپىتى ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇل تېشى» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچىمىنى بېكىتىش ھەققىدە» (2005- يىل)، «بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» (1993- يىل)، «ئەممە پارە تەپسىرى» (2003- يىل) قاتارلىقلار بار.

# 7- ئەجەم مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىقە

جەھاندا گەرچە بولغاي كۆپ شاھى خەيلۇ ھەشەم پەيدا،
ۋەلې بولغايمۇ سەندەك خۇسرەۋېي ساھىب كەرەم پەيدا.

يېشمى: گەرچە جاھاندا كۆپلىگەن مەرتىۋىلىك شاھلار ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن سەندەك خۇسرەۋ سۈپەت، مەردانە شاھ دۇنياغا كەلگەن ئەمەس.

سەلامەت بولگى، تاپسۇن دەۋلەتىڭدە خەلق ئاسايىش،
كى ساھىپ دەۋلەتى سەندەك بولۇر ئالەمدە كەم پەيدا.

يېشمى: سالامەت بول، دۆلىتىڭدە خەلق ئاسايىشلىق تاپسۇنكى، جاھاندا سەندەك دۆلەت ئىگىسى كەم تېپىلىدۇ.

ۋەفايۇ مېھر قانۇنىنى ئانداق تۈزكى، دەۋرۈڭدە،
نەشاتۇ ئەيش بولسۇن، بولماسۇن ئەندۇھۇ غەم پەيدا.

يېشمى: ۋاپادارلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەت قانۇنىنى شۇنداق تۈزكى، سېنىڭ دەۋرىڭدە ھايات شاتلىقتا ئۆتسۇن، غەم - ئەندىشە پەيدا بولمىسۇن.

چەكىپ خۇنابەلەر ھاسىل قىلىپمەن داغى ئىشقىڭنى،
گەدا قىلغان كەبى خۇنى جىگەر بىرلە دىرھەم پەيدا.

يېشمى: تىلەمچى - گاداي يۈرەك قېنى سەرپىياتى بىلەن پۇل تاپقاندەك، مەنمۇ قانلىق ياش تۆكۈش بەدىلىگە ئىشقىڭنى ھاسىل قىلدىم.

قۇياش يەڭلىغ يۈزۈڭگە، ۋاھ، نەچۇك مەن تىك باقاي جانا،
ياغى ئايدەك قاشىڭدىن قامەتىمغا بولدى خەم پەيدا.

يېشمى: ئەي جان، يېڭى چىققان ئايدەك ئەگىم قېشىڭنىڭ مۇھەببىتىدىن قامىتىم ئېگىلدى (ھەمىشە ئېگىلىپ سالامدىلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم). ھالبۇكى، قۇياشتەك يۈزۈڭگە قانداقمۇ تىك تۇرۇپ قارىيالايمەن؟

قەددىڭۇ زۇلفۇ ئاغزىڭ ھەرفىدىن ھەرلەھزە دەم ئۇرسام،
بولۇر جانۇ تەنۇ كۆڭلۈمگە ھەر ياندىن ئەلەم پەيدا.

يېشىمى: قامىتىڭ، چىچىڭ ۋە ئاغزىڭنى ھەرقاچان تەرىپلىسەم، جىنىمغا، تېنىمگە ۋە دىلىمغا تەرەپ - تەرەپتىن ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ.

يەتىپ كەلسەڭ ئايازىي باشىغا سەھەت ئولماسمۇ،

تىرىلمەككە، ئۆلۈك بولسا، مەسىھ روھى دەم پەيدا.

يېشىمى: ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپىسى (دېمى) كەلتۈرۈلسە ئۆلۈك تىرىلگەندەك، سەن يېتىپ كەلسەڭ، ئايازىي تىرىلىپ ساغلام بولۇپ قالماسمۇ؟

## تەئەززە

سەۋىنگىل، ئەي كۆڭۈل، ئاخىركى جىسمىڭ ئىچرە جان كەلدى،

قۇۋان، ئەي جانى مەھزۇنكىم، ھەياتى جاۋىندان كەلدى.

يېشىمى: ئەي كۆڭۈل سۆيۈنگىن، ئاخىرى ۋۇجۇدۇڭغا جان كىردى؛ ئەي غەمكىن جېنىم، قۇۋانغىن، مەڭگۈلۈك ھايات كەلدى.

سەفەردىن ئول پەرى يەتتى، مەنى مەھزۇننى شاد ئەتتى،

كۆڭۈلدىن ئەسكى غەم كەتتى، تەن ئىچرە تازە جان كەلدى.

يېشىمى: ئۇ پەرى سەپەردىن قايتىپ، مەن غەمكىننى خۇشال قىلدى؛ كۆڭۈلدىن كونا غەم - قايغۇلار كېتىپ، تېنىمگە يېڭىدىن جان كىردى.

خىرەد، يىغ بۇ مەسافىڭنى، تەھەممۇل، قوي گەزافىڭنى،

ۋەرەئ، تەرك ئەيلە لافىڭنى كى ئاشۇبى جەھان كەلدى.

يېشىمى: ئەي ئەقىل، لەشكىرىڭنى يىغىۋال؛ ئەي تاقەت، بىمەنە گەپلىرىڭنى قوي؛ ئەي پەرھىزكارلىق، لاپ ئۇرۇشنى تاشلا، جاھاننى ھاياجانلاندۇرغۇچى يار كەلدى.

دەمىكىم ئاندىن ئايرىلدىم، كۆڭۈلنى ھەمرەھى قىلدىم،

بۈگۈن كەلدى كۆڭۈل، بىلدىمكى، ئول نا مېھرىبان كەلدى.

يېشىمى: ئۇنىڭدىن ئايرىلغان چاغدا، كۆڭلۈمنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ئۇزاتقانىدىم؛ بۈگۈن كۆڭلۈم قايتىپ كەلدى، بۇنىڭدىن ئاشۇ نا مېھرىبانىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىم.

كەلىپدۇر ياشۇرۇن ئول شاھ، مەنى مەجنۇن ئەمەس ئاگاھ،

پەرى ئەرمەس ئەسە ئول، ۋاھ، نەچۇك كۆزدىن نىھان كەلدى.

يېشىمى: ئۇ شاھ يوشۇرۇنچە كەپتۇ، مەن مەجنۇن خەۋەرسىز قاپتىمەن؛ ئۇ پەرى بولمىسا، نېمىشقا كۆزگە كۆرۈنمەيلا كېلىپ قالىدۇ؟

فالەك باقتى فىغانىمغا، ئەجەل رەھم ئەتتى جانىمغا،

خەزانلىغ بوستانىمغا گۇلى باغى جىنان كەلدى.

يېشىمى: پەلەك داد - پىغانىمغا نەزەر ئاغدۇردى، ئەجەل جېنىمغا رەھىم قىلدى؛ خازان بولغان گۇلىستانىمغا جەننەت بېغىنىڭ گۇلى كەلدى.

مۇغەننىي بىر نەۋائى تۈز، نەۋائىي، نەغمەئى كۆرگۈز،

ئاياقچى، تامسا تۆت توقۇز كى، دارايى زەمان كەلدى.

يېشىمى: سازەندە، بىر كۈيگە سازىڭنى تۈز، نەۋائىي، نەغمەڭنى باشلا؛ ساقىي، قەدەھتىن بىر تامچە مەي تامسا، ئۈستىلەپ توققۇز قەدەھ تۆت، چۈنكى زامانىمىزنىڭ دۆلەتمەن خوجىسى كەلدى.

سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۈزە زەررىن ئەلەم چەكتى،

داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۈن ئارا تۇرلۇك رەقەم چەكتى.

يېشىمى: سەھەردە قۇياش پادىشاھ تاغ ئۈستىگە ئالتۇن رەڭلىك تۇغىنى تىكتى، يەنە تېخى نۇرىدىن كۆك سەھىپىسىگە تۇرلۇك سىزىقلارنى سىزدى.

فەنا فەرراشى ئەيلەپ سۇبھىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،

مۇرەسسەئ تارى مىژگانىنى جارۇبى ھەرەم چەكتى.

يېشىمى: ئۆزلۈكىنى يوقاتقانلار خىزمەتچىسى تاڭنىڭ كۈمۈش پەي - قاناتلىرىنى پەپىلىدى، زىننەتلەك پىرپىكلىرىنى ھەرەمنىڭ سۈپۈرگىسى قىلدى.

كىر ۋائىز كەئبەدە ھەر دەم سەمەد زىكرىن بەيان ئەيلەپ،

بەرەھمەن دەيرى تەختى ئۈزرە ئەسرارى سەنەم چەكتى.

يېشىمى: ۋائىز كەبەتۇللاھدا ئاللاھ زىكرىنى ھەر دەم ياڭراتتى. بەرەھمەن بۇتخانا تەختىدە (سەنەم)نىڭ سىرلىرىنى بايان قىلدى.

باش ئالىپ كەئبەدىن شەيخى ھەرەم، دەير ئىستەدى ئول دەم،

كى ئول بۇت زۇلفى ئەنبەربار ناگاھ پىچۇ خەم چەكتى.

يېشىمى: ئەنبەر بۇيلۇق چېچى بار ئۇ سەنەم (بۇت) چېچىنى بۇدرە قىلدۇرغان ھامان، ھەرەم شەيخى كەبىدىن باش ئېلىپ چىقىپ، بۇتخانا ئىزدەشكە باشلىدى.

ھەقىقەت ئەھلى تەئرىف ئەتمەيىن فەھم ئەيلەگەي بىردەك،

مۇغەننى ئەرغۇنۇن تارىنى نەچە زىرۇ بەم چەكتى.

يېشىمى: سازەندىنىڭ ئەرغەنۇن تارلىرىنى نېمە ئۈچۈن گاھ زىل، گاھ بوم ئاۋازدا ياڭرىتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تەرىپلىمىسەمۇ، ھەقىقەت ئەھلى بىردەك پەملىيەلەيدۇ.

كىشىكىم كويىدا كۆل ياستانىپ، قان ئىچمەك ئىستەر، ۋاھ،

فەرىندۇن بەل سۇلەيمان تەختى ئۈزرە جامى جەم چەكتى.

يېشىمى: كىشى يارنىڭ كوچىسىدا كۈلگە مىلىنىپ يېتىپ قان يۇتسىمۇ، بۇنى فەرىدۇن، بەلكى سۇلايمان تەختىدە ئولتۇرۇپ، جەمشىد قەدىھىدە مەي ئىچكەندىن ئارتۇق ھېسابلايدۇ.

خۇشا، ئول رىندكىم ئۆمرى ئاساسىن يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم بەدەم چەكتى.
يېشىمى: ئۇ پەرۋاسىز ئىچەرمەن ئۆز ئۆمرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلگەچكە، شاتلىق قەدىھىنى كۈيلەرنىڭ زوقى بىلەن ئارقىمۇ - ئارقا كۆتۈردى - خوشە!

جەفا تىغىنى دەۋران تىغلى، ئەي ئەھباب، بىلمەيكىم،
نە تەنھا شىرى نەرگە ئۆردى فىل، ئۆزىگە ھەم چەكتى.
يېشىمى: ئەي دوستلار، دەۋر گۆرەكلىرى نادانلىقتىن شىردەك، پىلدەك مەتلەرگە جاپا تىغىنى ئۆردىكى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزىگىمۇ تىغ ئۇرغان بولدى.

## تەئەززە چۆشۈرگىسى

دىيارى نەزم ئارا شاھلىغ نەۋائىي گەرچە كۆپ سۈردى،
گەدا ئەرشىيمۇ ھەم سۆز مۈلكىدە يىللار قەدەم چەكتى.
يېشىمى: نەۋائىي شېئىرىيەت دۇنياسىغا شاھ بولۇپ ئۇزۇن دەۋران سۈردى؛ گادا ئەرشىيمۇ سۆز مەملىكىتىدە يىللار كېزىپ باقتى.

## نۇسخە

دەرىغا، شورۇ شەر بولدى جەھاندا ھەر قايان پەيدا،
چۇ قىلدى چەرخى كەجرەۋ فىتنەئى ئاخىر زەمان پەيدا.
يېشىمى: ۋاي ئېسىت، بۇ تەتۈر پەلەك ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى پەيدا قىلغاچقا، جاھاننىڭ ھەممە يېرى غەلۋە - غوۋغاغا تولۇپ كەتتى.

چىراغى ئەمنىيەتنى تىيرە قىلدى سەرسەرى فىتنە،
بۇ گۈن دارۇلقەزا ئىچرە نە ئەمنۇ نە ئەمان پەيدا.
يېشىمى: پىتنە بورانلىرى تىنچ - ئامانلىق چىرىغىنى ئۆچۈرىۋەتتى، شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئامانلىق قالمىدى.

ھەزەر قىل، بولما غافىل، ئەي سۇلەيمانى زەمان، ھەردەم،
بولۇپ ئالدىڭدا گەر خەسم ئولما مۆرى ناتەۋان پەيدا.

يېشىمى: ئەي زامانىنىڭ سۇلايمانى، ئالدىڭدا دۈشمىنىڭ بىر ئاجىز چۈمۈلە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن دائىم ئېھتىيات قىل، ھەرگىز غاپىل بولما.

ئەگەر باردۇر مۇرەۋۋەت دەھر ئەلى راھىدا، ئەي ئەھباب،
نەدىن بىر ياخشىنىڭ قەسدىدە بولدى يۈز يامان پەيدا.
يېشىمى: ئەي دوستلار، ئەگەر دۇنيا ئەھلىنىڭ تۇتقان يولىدا مەردانىلىق بولىدىغان بولسا، نېمىشقا بىر ياخشىنىڭ قەستىگە يۈز يامان چۈشۈۋالىدۇ؟

رىزالىق بىرلە قوي - بىر - بىرىگە دۈشمەنلىكنى، ئەي نادان،
قىلىپ تەقدىرغە تەدبىر بولماس سۇدۇ زىيان پەيدا.
يېشىمى: ئەي نادان، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشنى رازى - رىزالىق بىلەن تاشلىغىنىڭ، تەقدىرگە تەدبىر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش بىلەن ھېچبىر نەتىجە چىققان ئەمەس.

جەفا تاشىن باشىغا ياندۇرۇپ نابۇد ئەتەر گەردۇن،
ۋەفا ئەھلى جەھان بەزمىدە بولسا نەگەھان پەيدا.
يېشىمى: جاھان بەزمىسىدە قاچانكى ۋاپادارلار پەيدا بولسا، پەلەك ئۇلارنىڭ باشلىرىغا جاپا تاشلىرىنى ياندۇرۇپ، نابۇت قىلىدۇ.

قالىپدۇر ياخشىلاردىن ياخشى ئات باقىي جەھان ئىچرە،
يامانلىق ئەيلەگەنلەردىن نە نامۇ نىشان پەيدا.
يېشىمى: جاھاندا ياخشىلاردىن ياخشى نام - ئاتاق مەڭگۈ قالىدۇ، يامانلىق قىلغانلاردىن بولسا، ھېچبىر نام - نىشانە قالمايدۇ.

قەزا جەللادى ھەر گۈن يۈز تۈمەن جاننى ھەلاك ئەيلەر،
نە ئۆل زاھىر، ئانىڭ ئىلكىدە نە تىغۇ نە قان پەيدا.
يېشىمى: قازا جاللىتى كۆزلەرگە كۆرۈنمەيدۇ؛ قولىدا تىغمۇ، قانمۇ يوق، لېكىن ئۇ ھەر كۈنى يۈز تۈمەن جاننى ھالاك قىلىدۇ.

## نۇسخە چۈشۈرگىسى

جەھان باغى گۈلىنى ھەق ۋەفاسىز ئەكتى، ئەي مەھزۇن،
ساڭا ھېچ سۇد يوقتۇر، قىلما بۇلبۇلدەك فىغان پەيدا.
يېشىمى: ئەي مەھزۇن، ئاللاھ بۇ جاھان بېغىنىڭ گۈلىنى ۋاپاسىز قىلىپ تېرىغان، ئۇنىڭدىن ساڭا ھېچ پايدا يوق، شۇڭا بۇلبۇلدەك نالە قىلما.

## مۇستەھزاد

ئىستەدىم ئالەمدە سەندەك شاھسەۋارى تاپمادىم،
دەھر ئارا بىر مۇشفىقى ھەمدەرد يارى تاپمادىم.
يېشىمى: شۇنچە ئىزدەپمۇ، ئالەمدە سەندەك چەۋەندازنى تاپالمىدىم؛ دۇنيادا سېنىڭدەك دەرتنى تەڭ تارتقۇچى شەپقەتچان بىر يارنى تاپالمىدىم.

بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى، ئەي نازەنىن،
غۇنچەئى خەندان لەبىڭدەك لالەزارى ئاپمادىم.
يېشىمى: سەندەك بىر ئايجامال ئەمدى ئالەمگە كەلمەيدۇ. ئەي نازىنى، قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك لېۋىڭگە ئوخشاش گۈزەل گۈل ئېچىلغان لالىزارلىقنىمۇ ئۇچراتمىدىم.

نە ئىلاج ئەيلەي، مەنىڭ ۋابەستەدۇر كۆڭلۈم ساڭا،
مېھرى تابانلىغ يۈزۈڭدەك گۈلئۈزارى تاپمادىم.
يېشىمى: ئىلاجىم نېمە، كۆڭلۈم ساڭا باغلىنىغلىق؛ نۇرلۇق قۇياش مىسال يۈزۈڭدەك نۇرانە گۈزەل رۇخسارنى ھېچ كۆرمىگەنمەن.

رەھم ئەيلەپ سائەتى ئۆزۈڭغە ۋاسىل قىل مەنى،
دىلبەرىم، كۆيۈڭدىن ئارتۇغراق دىيارى تاپمادىم.
يېشىمى: دىلبىرىم، سېنىڭ كوچاڭنى بېسىپ چۈشكىدەك بىر دىيارنى تاپالمىدىم، رەھىم قىلىپ، مېنى بىر دەمگە بولسىمۇ ۋەسلىڭگە يەتكۈز.

كەچە - گۈندۈز نەۋبەتىي كويۈڭدا بولدى مۇبتەلا،
بۇ جەھاندا سەندىن ئۆزگە غەمگۇرازى تاپمادىم.
يېشىمى: مەن نەۋبەتىي كېچە - كۈندۈز كوچاڭغا مۇبتىلا بولدۇم. چۈنكى، جاھاندا سەندىن باشقا ماڭا بىر غەمگۇزار يوقكەن.

## جۇلا

دەردىغا، چەرخ جانىغا ئەجەپ جەۋرۇ جەفا قىلدى،
غەمۇ ھەسرەت بىلە ئول يارۇ جانىمدىن جۇدا قىلدى.
يېشىمى: ۋاي ئېسىت، پەلەك جېنىمغا ئەجەپمۇ جەبىر - جاپا سالدى، مېنى غەم ۋە ھەسرەت ئىچىدە قويۇپ، ئۇ يار - جېنىمدىن جۇدا قىلدى.

خۇدايا، دوستۇ تۇغقاندىن جۇدا بولغان پەرىشانمەن،

كى دۈشمەن دەستىدە ھالىم زەبۇنۇ مۇبتەلا قىلدى.

يېشىمى: ئى ئاللاھ، مەن دوست ۋە تۇغقىنىدىن جۇدا بولغان پەرىشانمەن، دۈشمەننىڭ دەستىدە ھالىم بىچارىلىككە مۇپتىلا بولدى.

ئايا يارىم، يىراق ئەتتى فەلەك سەندىن بۇ مەھزۇننى،

كى دۈشمەن مۇددەئاسىن ھاسىل ئەتتى، ھەم سەفا قىلدى.

يېشىمى: ئەي يارىم، پەلەك بۇ مەھزۇننى سەندىن يىراق قىلدىكى، دۈشمەننىڭ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردى ۋە ئۇنى خۇشال قىلدى.

جەيالى ۋەسلىدۇر جانۇ دىلىمدە مۇددەئايى ھەم،

ئەگەر يەتكۈزسە بىزلەرنى فەلەك بىزگە ۋەفا قىلدى.

يېشىمى: جان - دىلىم بىلەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى ئويلايمەن، مۇددىئايىممۇ شۇ. ئەگەر پەلەك بۇ مۇددىئايىمغا يەتكۈزسە، ماڭا ۋاپا قىلغان بولىدۇ.

ئايا بادى سەبا، ئايتقىن خەبەر ئول يارى جانىمغا،

ئەسىرۇ ناتەۋان گۇلشاھ جانىنى فىدا قىلدى.

يېشىمى: ئى سەھەر شامىلى، بۇ جېنىم يارىمغا خەۋەر يەتكۈزگىنكى، ئەسىر ۋە ناتىۋان گۇلشاھ ئۇنىڭغا جېنىنى پىدا قىلدى.

## سەنەم

كۆردۈم يۈزىنى، قالدىم بەلاغا،

ئىشقىدە يۈزمىڭ جەبرۇ جەفاغا.

يېشىمى: چىرايىنى كۆردۈم - يۇ، بالاغا قالدىم، مۇھەببىتىدە يۈز مىڭ جەبىر - جاپاغا قالدىم.

قىينالدى جانىم، تەڭ بولدى ھالىم،

ئاھۇ فىغانىم يەتتى سەماغا.

يېشىمى: جېنىم قىينالدى، ئەھۋالىم ئوساللاشتى. ئاچچ - پىغانىم كۆككە يەتتى.

ئەفسۇس نەدامەت، بولدى قىيامەت،

ئەجەبمۇ كۆيدۈم كۆڭلى قاراغا.

يېشىمى: نادانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇس، گويا ماڭا قىيامەت بولىدى. كۆڭلى قارىغا ئەجەبمۇ كۆيۈپتىكەنمەن.

زارىم ئىشىتسۇن، ھالىمنى سورسۇن،

بىر رەھمى قىلسۇن مەن بىنەۋاغا.

يېشىمى: ئاھ - زارىمنى ئاڭلىسۇن، ھالىمنى سورىسۇن؛ مەن بىچارىغا بىر رەھىم قىلسۇن.

ئەرزىم ئىشتمەس، ھالىمغا يەتمەس،
ھەركىم ياماندۇر، قويىدۇم خۇداغا.
يېشىمى: ئەرزىمنى ئاڭلىمىغان، ھالىمغا يەتمىگەن ئەسكىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆزى بىر نېمە دەپ قويار دەيمەن.

## چوڭ سەلىقە

گۈلەمخانىنىڭ قوش پوپۇكى يەرگە تەگەمدۇر،
ئونبەش ياشقا كىرمەي تۆرۈپ ئەگەر تەگەمدۇر.
يېشىمى: گۈلەمخانىنىڭ قوش پۆپۈكى يەرگە تېگەمدۇ، ئونبەش ياشقا كىرمەي تۆرۈپ ئەگەر تېگەمدۇ؟

گۈلەمخانىنىڭ تۆغقان يەرى ئۈيمانبۇلاقتۇر،
گۈلەمخانىنى زورلاپ ئالغان ئەنگە چولاقتۇر.
يېشىمى: گۈلەمخانىنىڭ تۇغۇلغان يېرى ئۈيمانبۇلاقتۇر، گۈلەمخانىنى زورلاپ ئالغان ئەڭگە چولاقتۇر.

گۈلەمخانىنىڭ قوش پوپۇكى يەرگە سۆرۈلدى،
يۈرەكدەكى زەرداب سۆلار قانغا ئۆيرۈلدى.
يېشىمى: گۈلەمخانىنىڭ قوش پۆپۈكى يەرگە سۆرەلدى، يۈرەكتىكى زەرداب سۆلار قانغا ئۆرۈلدى.

ئالتە - يەتە كەپۆتەرلەرىڭ قوندى تەرەككە،
تاۋار توندا ئالتۇن تۆگمە پاتتى يۈرەككە.
يېشىمى: ئەلتە - يەتتە كەپتەرلىرىڭ قوندى تېرەككە، تاۋار توندا ئالتۇن تۆگمە پاتتى يۈرەككە.

چىقىپ باقسام گۈلەمخانىم تويۇڭ كەلەدۇر،
ساڭامىكىن، ماڭامىكىن تەقدىر بىلەدۇر.
يېشىمى: چىقىپ باقسام، گۈلەمخېنىم تويۇڭ كېلىۋېتىپتۇ، ساڭىمىكىن، ماڭىمىكىن تەقدىر بىلىدۇ.

## كىچىك سەلىقە

## بىرىنچى ئاھاڭ

سەھەر خاۋەر شاھى چەرخ ئۈزرەكىم خەيلى ھەشەم چەكتى،
شۇئائى خەت بىلە كوھسار ئۈزە ئالتۇن ئەلەم چەكتى.
يېشىمى: تاڭ سەھەردە، شەرق شاھى كۆكنى بويلاپ قوشۇن تارتىپ، نۇر سىزىقلىرى بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تۇغىنى تاغ ئۈستىگە تىكتى.

قەزا فەرراشى چەكتى سۇبھىنىڭ سىيمىن سۇپۇرگۇسىن،
مۇزەھھەب پەرلەرىن ئانداقكى تاۋۇسى ھەرەم چەكتى.
يېشىمى: گويا ھەرەم توزى ئالتۇن پەيلىك قۇيرۇقىنى يايغاندەك، تەقدىر خىزمەتچىسى تاڭنىڭ كۈمۈش سۇپۇرگىسىنى زېمىنگە يايدى.

كىتابەئى سۇنئ كىلكى سۇرەئى «ۋەش - شەمس» تەفسىرىن،
فەلەك تاقى ھەۋاشىسىدە زەر ھەلدىن رەقەم چەكتى.
يېشىمى: تەقدىر قەلىمى پەلەك گۈمبىزىنىڭ قىرغاقلىرىغا «قۇياش» سۈرىسىنىڭ شەرھىسىنى ئالتۇن ھەل بىلەن يازدى.

مۇئەززىن كەئبە تاقى ئۈزرە گۈلبانگى سەمەد ئۇردى،
بەرەھمەن دەير ئەيۋانىدا ئاھەنگى سەنەم چەكتى.
يېشىمى: مۇئەززىن كەبە مۇنارىسىدا ئەزان ساداسىنى ياڭراتتى، بەرەھمەن بۇتخانا ئايۋىنىدا سەنەم (بۇت) كۈيىنى سازلىدى.

ياقا چاك ئەتتى گاھى سۇبھ ئول ماتەمغە كىم، ئاشىق،
بۇ مۇھلىك شامى ھىجران ئىچرە يۈز خۇنابى غەم چەكتى.
يېشىمى: بۇ ھالامەت ھىجران قاراڭغۇلۇقىدا ئاشىقلار غەم - غۇسسىدىن نۇرغۇن قان يۇتتى؛ سۇبھى ئۇ ماتەم ئۈچۈن، بەزىدە ياقىسىنى يىرتتى.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

زەمانى كۆلدى ئول غافىلغاكىم دەۋران، ستەم تىغىن،
ئاڭا ئۇرماغنى ئاڭلاپ ئۆزگەگە تىغى ستەم چەكتى.
يېشىمى: دەۋر ئۇ غاپىلغا بىر پەس كۈلۈپ قارىدى، چۈنكى ئەسلىدە پەلەك زۇلۇم تىغىنى ئۇنىڭغا ئۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇ باشقىلارغا زۇلۇم تىغى كۆتەرگەندى.

خۇشا، ئۇلكىم مۇنۇڭدەك چاغ ۋەفاسىز ئۆمرنى ئاڭلاپ،
سەبۇھىيى جامنى ئەھباب بىرلە دەم بەدەم چەكتى.

يېشىمى: مۇشۇنداق چاغدا، ئۆمۈرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلىپ، دوستلار بىلەن بىللە تاڭ سەھەر ئولتۇرۇشنىڭ قەدىرىنى دەممۇدەم كۆتۈرۈش نېمە دېگەن پەيزى - ھە!

مەئانى ئەھلى گاھى نۆكتە ئۈزرە قىيلۇ قال ئەتتى،
مۇغەننى خەيلى نەغمە ئۈزرە گاھى زىرۇ بەم چەكتى.

يېشىمى: گاھىدا دانالار چوڭقۇر، نازۇك پىكىرلەر ئۈستىدە بەس - مۇنازىرىگە چۈشتى؛ گاھىدا سازەندىلەر نەغمە قىلىپ، تۈرلۈك كۈي ياڭراتتى.

ئەگەر كۆڭلىدە بىر گۈل ھەجرىدىن خارى فىراق ئولسا،
بەھانە يىغلاماقغا بىر نەچە جامى كەرەم چەكتى.

يېشىمى: ئەگەر كىشىنىڭ يۈرىكىگە بىر گۈلنىڭ پىراق تىكىنى سانچىلسا، ئۇ يىغلاشقا باھانە ئىزدەپ ئېھسان شارابىدىن بىر نەچچىنى ئوشۇق ئىچىدۇ.

## ئۈچىنچى ئاھاڭ

ۋەگەر خۇد ۋەسل ئىقبالى مۇيەسسەر بولسا بىر سائەت،
فەدىرۇن تەختى ئۈزرە بەزم تۈزدى جامى جەم چەكتى.

يېشىمى: ئىنسان ئەگەر يارنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىغا بىر دەم مۇيەسسەر بولسىلا، ئۆزىنى پەرىدۇن تەختىدە بەزمە تۈزۈپ، جەمشىد قەدىھىدە شاراب ئىچكەندەك ھېس قىلىدۇ.

بولۇپ مەتلۇب رۇخسارىغا مەھۋى جامدىن سەرمەست،
يۈزىن تۇفراقغا قويدى، باشىنى ئاللىغا خەم چەكتى.

يېشىمى: ئاشىق يارنىڭ رۇخسارىنى كۆرگىنىدە، شاراپتىن غەرق مەست بولغاندەك ئۆزىنى يوقىتىپ، بېشىنى ئېگىدۇ ۋە يۈزىنى تۇپراققا قويىدۇ.

نە دەۋلەتدۇركى بۇ ھالەتدە ئانداق باردى ئۆزدىنكىم،
بەقا ئىقلىمىدىن رەختىنى تا مۈلكى ئەدەم چەكتى.

يېشىمى: مۇشۇ ھالەتتە ئۆزىدىن كېتىش نېمە دېگەن ئۇلۇغ دۆلەتكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھاياتلىق ئىقلىمىدىن يۆتكەپ، ماماتلىق مەملىكىتىگە تاپشۇرىۋەتسە، كاشكى.

## كىچىك سەلىقە چۇشۇرگىسى

نەۋائىي، شايەد ئول رەھرەۋغە بۇ دەۋلەت نەسىب ئولغاي،
كىم ئول دەشتى فەنا قەتئ ئەتكەلى يىللار قەدەم چەكتى.

يېشىمى: نەۋائىي، ئۆزلۈكىنى يوقىتىش دەشتىنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، يىللار سەرپ قىلغان شۇ يولۇچىغا بۇ دۆلەت نېسىپ بولسا، ئەجەب ئەمەس.

## تەئكىد

ئەيدى بەھار ئەييامىدۇر، ساقىي، لەبا - لەب جام تۇت،
ئەيشۇ تەرەب دەۋرانىدۇر جامى مەيى گۇلفام تۇت.

يېشىمى: ئەي ساقىي، باھار بايرىمى كۈنلىرى كەلدى، بۇ ئەيش - ئىشرەت، شاتلىق دەۋرىدۇر. قېنى، گۈلرەڭلىك شارابقا لىق تولغان قەدەھىڭنى كەلتۈر.

جەمشىد فەر شاھى جەھان چۈن قىلدى ئەزمى گۇلىستان،
جەمئىييەتى ۋاقتى زەمان خۇشتۇر بىغايەت، جام تۇت.

يېشىمى: جاھاننىڭ جەمشىد سۈپەتلىك شاھى گۈلىستان سەيلىسىگە چىقتى، بۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ چەكسىز خۇشاللىقىغا چۆمىلىدىغان پەيتى، شۇڭا قەدەھ كەلتۈر.

مەئلۇم ئەمەس دەۋران ئىشى چۈن مۇنقەلىبدۇر گەردىشى،
ھەرگىز بىلۇرمۇ دەپ كىشى بۇ دەۋرنى مادام تۇت.

يېشىمى: پەلەكنىڭ ئىشلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گەردىشى تەتۈر ئورنىتىلغان؛ «بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغان كىشى بارمىدۇ؟» دەپ سوراپ ئاۋارە بولماي، مۇشۇ نۆۋەت (دو)نى چىڭ تۇت.

بۇدەمكى باردۇر فۇرسەتىڭ، ئەھباب ئىلە جەمئىييەتىڭ،
لۇتف ئىلە بەزمۇ ئىشرەتىڭ ئەھلىنى شىرىن كام تۇت.

يېشىمى: دوستلىرىنىڭ ۋە جامائەتچىلىكىڭ بولغان مۇشۇ دەم غەنىيمەتتۇركى، مەرھەمەت قىلىپ، بەزمە - ئىشرەتىڭ بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىل.

قوي دەھر سۇبھى خۇررەمىن، فىكر ئەتمە شامى ماتەمىن،
سۇخسار ئىلە زۇلفى غەمىن ئىشق ئىچرە سۇبھۇ شام تۇت.

يېشىمى: دۇنيانىڭ ئەتىگەنلىك شاتلىقىنى قوي، كېچىلىك ماتىمىنىمۇ ئويلا» يۈرمە، ئاشىقلىقتا ئەتىگەندىن كەچكىچە يارنىڭ جامالى بىلەن چېچىنىلا ئويلىشىڭ كېرەك.

تارتىپ ئەلايىقدىن ئەتەك، ئەۋارەلىقىدىن ئۆزنى چەك،
فەقر ئىچرە قالغان قافدەك ساكىن بولۇپ ئارام تۇت.

يېشىمى: كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىلاردىن قولۇڭنى ئۈزۈپ، دۇنيانىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن ئۆرەڭنى تارت؛ پېقىرلىقتا قالغان «قاف تېغى»دەك ۋەزمىنلىكتە مەزمۇت تۇرۇپ ئارام ئال.

ھەر كىمكى ئىستەر نامۇ نەڭ، غەمدىن قۇتۇلماس ھېچ رەنگ،
ئۆزنى خەلاس ئەيلەي دەسەڭ، بەس، تەركى نەڭۇ نام تۇت.
يېشىمى: كىمكى نام - شۆھرەت كويىدا يۈرسە، ھېچ ۋاقىت غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ؛ دۇنيانىڭ غېمىدىن، ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلاي دېسەڭ، نام - شۆھرەت قوغلاشما.

كۆڭلۈم قۇشىدۇر بۇلبۇلۇڭ، ئاچقىل ئۇزارى گۈل - گۈلۈڭ،
بۇ شىيۋە بىرلە سۇنبۇلۇڭ دامىغا ئەيلەپ رام تۇت.
يېشىمى: كۆڭۈل قۇشۇم سېنىڭ بۇلبۇلۇڭدۇر، گۈلدەك چىرايىڭنى ئاچقىن - دە، ناز - كەرەشمە بىلەن ئۇنى چېچىڭنىڭ تورىغا چۈشۈرۈپ تۇتىۋال.

شاھەنشاھى فەرخۇندە فەر ئابدۇررەشىدىي نامۇەر،
ھەق لۇتىق ئەتىپ فەتھى زەفەر تا مۇلكى مىسرۇ شام تۇت.
يېشىمى: ئەي شاھلارنىڭ شاھى، سائادەتمەن ۋە شۆھرەتلىك ئابدۇررەشىدخان، ئاللاھ ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، پادىشاھلىقىڭ تاكى مىسىر ۋە شام (بۈگۈنكى سۈرىيە، ئىراق قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى)غىچە يەتسۇن.

ئەيلەپ زىيادە ھىشمەتىن، ئەفزۇن قىلىپ جەمئىييەتىن،
يار رەبكى ئۇمرۇ دەۋلەتىن كۆپ يىلۇ كۆپ ئەييام تۇت.
يېشىمى: ئەي پەرۋەردىگار، ئۇنىڭ شان - شەۋكىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، جەمئىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەيسەن؛ ئۆمۈر ۋە دۆلىتىنى كۆپ يىللار، ئۇزاق زامانلارغىچە داۋاملاشتۇرغايسەن.

گاھى ئايازى سارىغا باقغىل سارىغ رۇخسارىغا،
ياخشى - يامانىڭ بارىغا لۇتفۇ كەرەمنى ئام تۇت.
يېشىمى: بەزىدە ئايازىي تەرەپكە، ئۇنىڭ سارغايغان رۇخسارىغا قاراپ قوي؛ ياخشى - يامانىڭ ھەممىسىگە ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتىڭنى ئوخشاشلا ئايما.

## داستان

## بىرىنچى داستان

يەرۇ كۆكنى ياراتقان خالىقى جەببار،
ھېچ بەندەڭنى مەنىڭدەك ھەيران ئەيلەمە.
دەشتلەر ئارا قىلماغىل مەنى ئىنتىزار،
رەھم ئەيلەگىل، كۆزۈمنى گىريان ئەيلەمە.
يېشىمى: يەر - ئاسمانلارنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھ، ھېچ بەندەڭنى مېنىڭدەك تەڭلىكتە قويما؛ چۆللەر ئارا مېنى ئىنتىزار قىلما، مېنى يىغلاتما، ماڭا رەھىم قىلغىن.

يارنى ئىستەپ يىراقتىن كەلدىم بۇ يانە،
يولدىن ئازغان بەندەڭمەن، ئىگەم سۇبھانە،
بۇ چەللەردە ئەيلەگىل يولنى ئەيانە،
ئۆشبۇ ئۆمرۈم باغىنى خەزان ئەيلەمە.

يېشىمى: بۇ تەرەپلەرگە يىراقتىن يارىمنى ئىزدەپ كەلدىم؛ ئىگەم ئاللاھ، مەن بىر يىلدىن ئازغان قۇلۇڭمەن، بۇ چۆللەردە يولۇمنى ئوچۇق قىلغىن، بۇ ئۆمرۈمنىڭ بېغىنى غازاڭغا كۆمۈۋەتمە.

ئاتى مىھرىلىقادۇر، ئۆزىدۇر پەرى،
خەيالىمدىن كەتمەگەي شەھدۇ شەكەرى،
قەمەر يۈزلۈك، شىرىن سۆز، رەئنا دىلبەرى،
دىلرانىڭنىڭ باغرىنى بىريان ئەيلەمە.

يېشىمى: ئىسمى مىھرىلىقا، ئۆزى پەرى، شىرىن لېۋى خىيالىمدىن كەتمەيدۇ؛ ئى ئاي يۈزلۈك، شىرىن سۆزلۈك گۈزەل، مەن دىلدارىڭنىڭ باغرىنى ئۇنداق كاۋاپ قىلىۋەتمە.

كەچە - كۈندۈز يىغلادى ناتەۋان دىلدار،
يوقتۇر ماڭا بۇ يەردە بىر يارى غەمخار،
شەفقەتىڭدىن بىنەۋا بەندەڭ ئۈمىدۋار،
ھىچ غەرىبنى مەنىڭدەك ۋىران ئەيلەمە.

يېشىمى: مەن بىچارە دىلدارىڭ كېچە - كۈندۈز يىغلىدىم؛ بۇ يەردە ماڭا غەمداش بولىدىغان بىرەر دوست يوق. ئى ئاللاھ، مەن شەپقىتىڭدىن ئۈمىدۋار، ھېچ مۇساپىرنى مەندەك ۋەيران قىلما.

غەرىبلىقتا دەشتلەر كەزدىم فىيادە،
قەفەس ئىچرە قالمىشىدۇر ئىرادە،
ئەلەملەرىم بولدى ھەددىدىن زىيادە،
مەن غەرىبنى كۆپ سەرگەردان ئەيلەمە.

يېشىمى: مۇساپىرچىلىقتا چۆللەرنى پىيادە كەزدىم، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قەپەز ئىچىدە قالغاندەك بولدۇم؛ دەرت - ئەلەملىرىم ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، مەن مۇساپىرنى ئەمدى كۆپ سەرگەردان قىلما.

## ئىككىنچى داستان

قارا كۆز بىرلە بىر غەمزە قىلىپ يۈزمىڭ جەفا قىلما،
كەرەشمە بىرلە ئالەمنى مەنىڭتەك مۇبتەلا قىلما.

يېشىمى: قارا كۆزۈڭ بىلەن بىرلا كۆز تاشلاپ، ماڭا يۈز مىڭ جاپا قىلما، نازىڭ بىلەن ئالەمنى ئۆزۈڭگە ماڭا ئوخشاش مۇپتىلا قىلما.

مەنىڭ بۇ خەستە جانىمغا سەنىڭ دەردىڭ ئەرۇر مەرھەم،

قىيامەتغە تەگىن ھەرگىز بۇ دەردىمگە دەۋا قىلما.

يېشمى: سېنىڭ دەردىڭ مېنىڭ زەئىپ جېنىمغا مەلھەم، شۇڭا، بۇ دەردىمگە تا قىيامەتكىچە ھەرگىز داۋا قىلما.

مەنى، ئەي ئاي، قۇرقارمەن، قىلىپ دۇنيادا سەرگەشتە،

ئىشىكىڭ تۇفراقىن كۆزگە تاپىلماس تۇتيا قىلما.

يېشمى: ئەي ئاي، مېنى دۇنيادا سەرگەردان قىلىپ قويۇپ، ئىشىكىڭنىڭ توپىسىنى تېپىلماس تۇتيا قىلىۋېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

فىراقىڭ بوتەسى ئىچرە تەنىمنى سىزغارۇر ھەر دەم،

يۈزۈمنى ئالتۇن ئەتكەلى غەمىڭنى كىميا قىلما.

يېشمى: پىراقىڭ ئوچىقى تېنىمنى دائىم ئېرىتىپ كەلدى، يۈزۈمنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىمەن دەپ، غېمىڭنى كىميا قىلما.

ئاخىر بىگانە تەپ گىريان ئىشىكىڭدىن قوۋا بولساڭ،

كۆلەر يۈز كۆرگۈزۈپ ئەۋۋەل، كىشىنى ئاشنا قىلما.

يېشمى: ئاخىر يات كۆرۈپ ئىشىكىڭدىن يىغلىتىپ قوغلىۋېتىدىغان ئادەم، باشتا ئۇچۇق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ، كىشىنى نېمىشقا ئاشنا قىلاتتىڭ؟

باغىر قان ئەيلەدىڭ جەۋرۇ جەفا بىرلەكى، سۇلتانىم،

كۆزۈم ياشى بىلە ھەر دەم يۈزۈمدە مەجەرا قىلما.

يېشمى: ئەي سۇلتانىم، جەبىر - جاپالىرىڭ بىلەن باغرىمنى قان قىلدىڭ، ئەمدى كۆز يېشىم بىلەن يۈزۈمدە توختىماس ئېقىن ھاسىل قىلما.

ئەي سەككاكىي، بۇ شاھ قابقىن غەنىمەت تۇت، چۇ زۇلفىڭغا،

ئازاقىن باغلاغان قۇشسەن، ئۇچارغا ھىچ ھەۋا قىلما.

يېشمى: ئەي سەككاكىي، بۇ شاھنىڭ ئىشكىنى غەنىمەت بىل، ئۇنىڭ چېچىغا ئايىغىڭ باغلانغان قۇشسەن، ئۇچىمەن دەپ ھەۋەس قىلما.

## ئۈچىنچى داستان

فەلەكنىڭ گەردىشى بىرلە ئۇشۇل ياردىن جۇدا بولدۇم،

يۈرەكنىڭ ئاتەشى بىرلە ۋەفاداردىن جۇدا بولدۇم.

يېشىمى: پەلەكنىڭ تەتۈر چۆرگىلىشى بىلەن ئاشۇ ياردىم ئايرىلىپ قالدىم؛ يۇرەكتە ئوت بار تۇرۇغلۇق ۋاپادارىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

نەتەي، يارنىڭ ئاتى ئۆچتى، باغىمدىن بۇلبۇلۇم كۆچتى،
باشىمغا دەرد - ئەلەم تۈشتى، شۇ دىلدارىدىن جۇدا بولدۇم.
يېشىمى: قانداق قىلارمەن، يارنىڭ نامى ئۆچتى، بېغىمدىن بۇلبۇلۇم كۆچتى؛ بېشىمغا دەرد - ئەلەم چۈشتى، شۇ دىلكەش ياردىن ئايرىلىپ قالدىم.

نىگارىم ئىشقىدا نالان، چەكەرمەن دائىما ئەفغان،
رەقىبلەر قىلدى سەرگەردان، شۇ گۈلناردىن جۇدا بولدۇم.
يېشىمى: يارىمنىڭ مۇھەببىتىدە يۈرەك نالە قىلىدۇ، ھەمىشە پىغان چېكىپلا يۈرىمەن؛ رەقىبلەر مېنى سەرگەردان قىلدى، ئاشۇ ئانار گۈلىدەك ياردىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئاتى گۈلرۇق پەرى زادە، مەنىڭ فەررۇخى شاھزادە،
چەكىپ مىھنەت بۇ دۇنيادا، شۇ غەمخاردىن جۇدا بولدۇم.
يېشىمى: ئۇنىڭ ئىسمى گۈلرۇخ، زاتى پەرىدۇر؛ مېنىڭ ئىتىم بولسا، شاھزادە فەررۇخ، مەن بۇ دۇنيادا بەك جاپا چەكتىم، شۇ غەمگۈزارىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

## مەشرەب

## بىرىنچى مەشرەب

ياز فەسلى، يار ۋەسلى، دوستلارنىڭ سۆھبەتى،
شېئر بەھسى، ئىشق دەردى، بادەنىڭ كەيفىييەتى.
يېشىمى: ياز پەسلى، يار ۋەسلى، دوستلار سۆھبىتى، مۇشائىرە، ئىشقنىڭ دەردى، مەينىڭ تەسىرى.

ياز فەسلىدە چاغىر ئىچمەكنىڭ ئۆزگە ھالى بار،
كىمگە بۇ نەشئە مۇيەسسەر بولسا باردۇر دەۋلەتى.
يېشىمى: ياز پەسلىدە مەي ئىچىشنىڭ ئۆزگىچە پەيزى باركى، بۇ خۇشاللىققا كىم مۇيەسسەر بولسا، ئۇ دۆلەتمەندۇر.

ئىشق دەردىدىن چەكىپ ھەر كىمكى تاپسا ۋەسلى بار،
ئول زەمان بولغاي ئونۇت يۈز يىلغى ھىجران سىددەتى.
يېشىمى: كىمكى ئىشق جاپاسىنى چېكىپ، ئاخىر يارنىڭ ۋىسالىغا يەتسە، بۇ چاغدا يۈز يىللىق ھىجران ئازابى بولسىمۇ، ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

دوستلارنىڭ سۆھبەتىدە نە خۇش ئۇلغاي بەھسى شېئىر،
تا بىلىنگەي ھەر كىشىنىڭ تەبئى برلە ھالەتى.
يېشىمى: دوستلار سۆھبىتى ئىچىدە مۇشائىرە شۇنداق پەيزى بولىدۇكى، ئۇنىڭدا ھەر بىر ئادەمنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىچكى تۇيغۇسى مەلۇم بولىدۇ.

گەر بۇ ئۈچ ئىشنى مۇۋافىق تاپساڭ ئول ئۈچ ۋاقت ئىلە،
مۇندىن ئارتۇق ئولماغاي، بابۇر، جەھاننىڭ ئىشرەتى.
يېشىمى: ئەگەر بۇ ئۈچ ئىشنى جاي - جايىدا ۋە ۋاقتى - ۋاقتىدا بىجىرەلىسەڭ، ئەۋ بابۇر، جاھاندا بۇنى بىسىپ چۈشىدىغان پەيزى ياشام بولمايدۇ - جۇمۇ!

## ئىككىنچى مەشرەب

نە خۇش گۈندۈز، مۇساھىبلەر، كىشى جانىغا يەتسە،
چەكىپ جەبرۇ جەفالارنى كۆزى مەستانىغا يەتسە.
يېشىمى: دوستلار، كىشى جانىغا ئېرىشسە، جەبىر - جاپالار بەدىلىگە كۆزى مەشۇقىغا تويسا، بۇ كۈن نېمە دېگەن گۈزەل - ھە!

چەكىپ رەنجۇ مۇشەققەتلەر، كى ئىشق يولىدا كۆلفەتلەر،
كۆرۈپ يۈزمىڭ مەلامەتلەر، كۆڭۈل ئارامىغا يەتسە.
يېشىمى: مۇھەببەت يولىدا جاپا - مۇشەققەتلەر چېكىپ، يۈز مىڭ خىل ئەيىپلەشلەرنى ئاڭلاپ، ئاخىرىدا، كۆڭۈل ئارمىغا يەتسە.

فەلەك ئۇرسا ئاڭ شەبخۇن، يىقىلسا باشىمغا گەردۇن،
بولۇپ دەردۇ غەمى ئەفزۇن، يەنە دەرمانىغا يەتسە.
يېشىمى: پەلەك ئۇنىڭغا كېچىلىك ھۇجۇم قوزغىسا، ئاسمان ئۇنىڭ بېشىغا كۆمۈرۈلۈپ چۈشسە، ھەتتا دەرد - غېمى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، ئاخىرىدا، يار ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا.

دىلۇ جانى جەراب بولسا، كۆيۈپ باغرى كەباب بولسا،
يەنە ھەر گۈن ئەزاب بولسا نە ئەرمان يارىغا يەتسە.
يېشىمى: باغرى كاۋاپتەك كۆيسە، يۈرىكى ۋە جېنى خاراپ بولسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئۈستىلەپ ئازاپ بولسىمۇ، يار ۋەسلىگە يەتسە، يەنە نېمە ئارمىنى قالىدۇ؟

يۈسۇفدۇر بىر گۈزەل بەرنا، زىلەيخادۇر قەددى زىيبا،
بولۇپ بۇلبۇل ئۆزى شەيدا، گۈلى خەندانىغا يەتسە.

يېشىمى: يۈسۈپ بىر سۈباتلىق يىگىت، زىلەيخا كېلىشكەن قىز، ئۇلار ئۆزى شەيدا بولغان گۈلىنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن بۈلبۈلدەك مۇرادىغا يەتكەي!

## ئۈچىنچى مەشرەب

مەن لەبا - لەب خەندەدۇرمەن لەئلى خەندانىن كۆرۈپ،
دەردىگە ئاشىفتە مەن زۈلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.

يېشىمى: مەن ئۇنىڭ ياقۇت لېۋىدىكى كۈلكىنى كۆرگەندە چەكسىز خوشاللىقتا چۆمۈمەن؛ يېيىلغان چاچلىرىنى كۆرگىنىمدە بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەپتۇن بولىمەن.

ھەيرەت ئىلە رۇھى قۇدسى سۇرەتى قىلدىم خەيال،
نەقشى زىيباسى بىلە سەرۋى خىرامانىن كۆرۈپ.

يېشىمى: ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى بىلەن نازلىق مېڭىشىنى كۆرگىنىمدە ھەيرەتكە چۆمۈپ، ئۇنى بىرەر مۇقەددەس روھنىڭ سىماسىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ھۆسنىكىم ئول ئايدادۇر، مەڭزىگە كىمنى مەڭز ئەتەي،
گۈندۈز ئۆزنى كەچە كۆردى، رويى رەخشانىن كۆرۈپ.

يېشىمى: ھۆسن شۇ ئايدا تۇرسا، ئۇنىڭ مەڭزىگە كىمنىڭ ماڭزىنى تەڭ قىلاي؟ ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى كۆرگەن يورۇق كۈندۈز ئۆزىنى كېچە ھېسابلىدى.

ئۆز ۋۇجۇدۇم خىرمەنىنى كۆرمىشەم كۈل خىرمەنى،
جان ھەۋاسىدا دۇرەخشان خەتتى رەيھانىن كۆرۈپ.

يېشىمى: جېنىم ئارزۇ قىلغان ئاشۇ لېۋىڭدىكى يېڭى خەت تارتقان نۇرانە مېيىقىنى كۆرگىنىمدە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۆيۈپ كۈل دۆۋىسىگە ئايلانغاندەك بولىمەن.

بۇ چەمەننىڭ مۇرغى رەنگىن نەغمەسى مەشھۇرىيدۇر،
قالغۇسى ئەلھانىدىن بۈلبۈللار ئەلمانىن كۆرۈپ.

يېشىمى: مەھشۇرىي بۇ چىمەنزارلىقنىڭ ئەڭ چىرايلىق نەغمىچى قۇشىدۇر، بۈلبۈللار ئۇنىڭ يېقىملىق ناۋاسىنى ئاڭلىنىدا سايراشتىن قالىدۇ.

7- مۇقام ئەجەم مۇقامى تېكىستلىرى چوڭ نەغمە قىسمى 152 مىسرا، ئۈچ داستان 42 مىسرا ۋە ئۈچ مەشرەب 30 مىسرا بولۇپ، جەمئىي 224 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان.